# ئاپپارات ئىسلاھاتى خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى بېغىشلىسۇن

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى بېغىشلاش پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم پرىنسىپى ۋە روشەن يۆنىلىشى.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا مۇھىم ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ھەرقايسى تارماقلار «خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئېرىشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى زىچ چۆرىدەپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلىشى، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى» كېرەك دەپ تەكىتلەپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا قارىتا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، «ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىسلاھاتنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش» كېرەك دەپ تەكىتلەپ، كوممۇنىستلارنىڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئەسلى مەقسىتى ـ بۈرچىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىدىغان خەلقنىڭ مەيدانى ۋە قىممەت يۆنىلىشىنى تولۇق نامايان قىلدى.

«دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توپ تەدبىردە خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئاساس.» پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت شۇكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى ئالغا سىلجىتىش، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئېرىشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ياخشى قاندۇرۇش، ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشى، خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنۇلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «جەزمەن خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، خەلق ئۈچۈن ئىش بېجىرىش، خەلقنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىش، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن قانۇن بويىچە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.» پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، بۇ تەلەپلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا نۇقتىلىق ساھەلەردىكى خەلق تۇرمۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش نەزەردە تۇتۇلۇپ، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇش مۇۋەققە قىلىنىپ، مائارىپ ـ مەدەنىيەت، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، سەھىيە ـ ساغلاملىق، داۋالىنىش كاپالىتى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرگە مۇلازىمەت قىلىش، كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىق خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ساھەلەردە ئاپپاراتلارنى تەڭشەش ۋە ئەلالاشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش فۇنكسىيەسى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈلدى ۋە ياخشىلاندى، ئاممىۋى بەختىيارلىق تېخىمۇ ياخشى قوغدالدى. جېجياڭ ئاممىنىڭ تەسراتىنى ئۆلچەم قىلىپ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى بىلەن «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشتىكى كۈچىنى تېخىمۇ تېجىدى، ۋاقتىنى تېخىمۇ تېجىدى، زېھنىنى تېخىمۇ تېجىدى. گۈيجوۋ نامراتلارنى زور كۆلەمدە يۆلەش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، چوڭ ئېكولوگىيە ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاپپارات تەسىس قىلىش، فۇنكسىيەنى تەقسىملەشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۈنۈملۈك يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجرا قىلىش كۈچلۈك، ئاددىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان مۇلازىمەت باشقۇرۇش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى كۈچەپ بەرپا قىلدى. ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەتكە بولغان يېڭى ئېھتىياجى جاۋابقا ئېرىشىپ، خەلق ئاممىسى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ ئەمەلىي بولغان بەزى مەنپەئەت مەسىلىلىرى ھەل قىلىنىپ، خەلقنىڭ ساداسىغا ئىسلاھات ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتى پەقەت خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، خەلق ئۈچۈن ئىش بېجىرىش، خەلقنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىش، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئىسلاھاتتىن كېيىنكى ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ھەرقايسى تارماقلار ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بۈرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، خەلققە بەخت يارىتىشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي نەتىجە قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئېرىشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى زىچ چۆرىدەپ، ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىشى، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك؛ ئىچكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت بىلەن كەسىپلەرنى بىرىكتۈرۈشنى تېزلىتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈپ، ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى تېخىمۇ ياخشى قوغداش، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىدىغان ئىشلارنى ياخشى قىلىش، ئەمەلىي بېجىرىش كېرەك.

«پۇقرالار نېمىگە كۆڭۈل بۆلسە، نېمىنى ئارزۇ قىلسا، ئىسلاھاتتا شۇنى تۇتۇپ، شۇنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى بېغىشلاش كېرەك.» ئاپپارات ئىسلاھاتى يارىتقان پايدىلىق شارائىتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى كۆپرەك تۇتۇپ، كىرىم تەقسىماتى، مائارىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالاش، تۇرالغۇ، مۇھىتنى تۈزەش، كۈتۈنۈش، يېمەكلىك ـ دورا بىخەتەرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاممىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، قاراتمىلىق ھالدا بىر تۈركۈم ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي ئۆزگەرتىش، دەرھال ئۆزگەرتىش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي، مۇھىم مەسىلىلەرنى ئىلمىي بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالدىن ھەل قىلىش كېرەك.

«خەلققە پايدىلىقلا ئىش بولسا، ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ چوقۇم بېجىرىش كېرەك.» پۇقرالارنىڭ قەلب ساداسىنى قەلبكە پۈكۈپ، چىدامىلىق بىلەن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، بوشاشماي ئىلگىرىلەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلساق، بىز چوقۇم تۈرلۈك ئىسلاھاتنىڭ پۇختا، ئىنچىكە، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ھەر جەھەتتىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىشىشىق يېتىلدۈرۈپ، تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنى تېخىمۇ سۈپەتلىك، ئىدارە قىلىشنى تېخىمۇ سەۋىيەلىك قىلىپ، خەلقنى ئېرىشىش تۇيغۇسىغا تېخىمۇ ئىگە قىلىپ، ئىنتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، بىر نىيەتتە ئارزۇنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# «ئېگىزگە چىقىش قەھرىمانى» ياڭ ليەندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، تيەنجىن، 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گو فاڭدا)** تيەنجىننىڭ بېيچېن رايونىدا تۆت ئەتراپى يېشىللىق بىلەن ئورالغان، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بىر قورۇ بار، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ھەربىينىڭ ئالتۇن رەڭلىك يېرىم ھەيكىلى قويۇلغان بولۇپ، ئاستى تەرىپىگە «ئېگىزگە چىقىش قەھرىمانى ياڭ ليەندى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان.

ياڭ ليەندى، 1919 ـ يىلى تيەنجىن شەھىرىنىڭ بېيساڭ بازىرى بېيساڭ كەنتىدە تۇغۇلغان، 14 يېشىدىن باشلاپ كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپ يەر تېرىپ پۇل تېپىپ ئائىلىسىنى قامدىغان، توكچى، جازا ئىشچىسى قاتارلىقلار بولغان.

1949 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ياڭ ليەندى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تۆمۈريول قىسمىغا قاتناشقان. بېيپىڭ ـ لياۋنىڭ لىنىيەسىدىكى لۇەنخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئەنشەنگە تۇتىشىدىغان چوڭ كۆۋرۈكنى جىددىي رېمونت قىلغاندا، ياڭ ليەندى «چۈشۈپ كەتكەن پولات لىمنىڭ ئاستىغا شىپالنى تۆت چاسا قىلىپ تىزىپ، قىسقا رېلىسنى كرانىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ لىمنى يۆتكەش» ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ، چوڭ كۆۋرۈكنى ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغان.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ياڭ ليەندى لۇڭخەي تۆمۈريولىدىكى 8 ـ نومۇرلۇق كۆۋرۈكنى جىددىي رېمونت قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى 45 مېتىر بولۇپ، ئەينى چاغدا مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئېگىز تۆمۈريول كۆۋرۈكى ئىدى. كۆۋرۈك پارتلىتىپ بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلىش قىيىنلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئالدىن ئەۋەتىلگەن قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۇزاق ۋاقىت رېمونت قىلىپمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەنىدى.

يامىشىپ چىققىلى بولمايدىغان كۆۋرۈك گۆندىسىغا قارىتا، ياڭ ليەندى تۆمۈر ئىلمەككە خادا باغلاپ ئېگىزگە چىقىش ئامالىنى ئويلاپ تاپقان، ئۇ 18 جەڭچىنى باشلاپ ھېچقانداق بىخەتەرلىك قوغدىنىش تەدبىرلىرى بولمىغان شارائىتتا خەتەرگە قارىماي ئېگىزگە چىقىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغان.

ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۆت سائەت سەرپ قىلىپ، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 1دە، ياڭ ليەندى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 8 ـ نومۇرلۇق كۆۋرۈكنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق كۆۋرۈك گۆندىسىغا چىققان. ئۇ ئىجاد قىلغان «ئاسما شوتا» بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى كۆۋرۈكنى مۇددەتتىن بۇرۇن رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئاساس سالغان. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، 8 ـ نومۇرلۇق كۆۋرۈكتە مۆلچەرلەنگەن پىلاندىكىدىن 12 كۈن بۇرۇن ئۆتۈشلۈق ھالدا قاتناش باشلانغان، ياڭ ليەندى شەرەپ بىلەن بىر قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان ھەم «ئېگىزگە چىقىش قەھرىمانى» دەپ نام بېرىلگەن.

1950 ـ يىلى ياڭ ليەندى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىغا قاتنىشىپ، تۆمۈريول بىڭتۇەنى 1 ـ شى 1 ـ تۇەن 1 ـ لىيەنگە كىرگەن، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا چاۋشيەنگە بېرىپ جەڭگە قاتناشقان. يالۇجياڭ دەرياسى، داتۇڭجياڭ دەرياسى، فېيليۇجياڭ دەرياسى، لۇڭجىڭجياڭ دەرياسى، چىڭچۇەنجياڭ دەرياسى، بەيلىنچۇەن قاتارلىق تۆمۈريول كۆۋرۈكلىرىنى جىددىي رېمونت قىلىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ياڭ ليەندى تۆھپە قوشقان. 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ياڭ ليەندى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1952 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ياڭ ليەندى چىڭچۇەنجياڭ دەرياسى كۆۋرۈكىنى جىددىي رېمونت قىلىۋاتقاندا، بىر قەرەللىك بومبىنىڭ بومبا پارچىسى باش قىسمىغا تېگىپ، بەختكە قارشى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 33 ياشتا ئىدى.

ياڭ ليەندى قۇربان بولغاندىن كېيىن، «ئالاھىدە دەرىجىلىك تۆھپىكار» «1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان» «چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى» قاتارلىق ناملار بېرىلگەن. لۇڭخەي تۆمۈريولىدىكى 8 ـ نومۇرلۇق كۆۋرۈككە «ياڭ ليەندى كۆۋرۈكى» دەپ نام بېرىلگەن، ئۇ تۇرغان لىيەندۈيگە «ياڭ ليەندى لىيەنى» دەپ نام بېرىلگەن.

ياڭ ليەندىنىڭ باتۇرانە ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 2013 ـ يىلى، تيەنجىن شەھىرى مەبلەغ توپلاپ ئىنقىلابىي قۇربان ياڭ ليەندى خاتىرە سارىيىنى سېلىپ، ئاممىغا ھەقسىز ئېچىۋەتتى. خاتىرە سارىيى سەنئەت زالى، ئىش ئىزلارنى تونۇشتۇرۇش زالى ۋە كۆپ ۋاستىلىق كۆرسىتىش زالىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە ئايرىلغان بولۇپ، نۇرغۇن سۈرەت، ئەمەلىي بۇيۇم ۋە ئۈن ـ سىن ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ياڭ ليەندىنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىش ئىزلىرى ۋە ئاجايىپ تۆھپىلىرى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلىنغان.

ياڭ ليەندىنىڭ تيەنجىن شەھىرى خېبېي رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوغلى ياڭ چاڭلىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بىز بىر ئەۋلادتىن ئۈچ كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دېڭىز ئارمىيەسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى، ھاۋا ئارمىيەسىگە قاتناشتۇق، بۇنىڭدىكى سەۋەب بىز كىچىكىمىزدىن دادامنىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، «ئەسكەر بولۇپ، دادامنىڭ يېڭىلگەنگە تەن بەرمەسلىك، مەڭگۈ ئېگىز چوققىغا چىقىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئويلايتتۇق.» ھازىر پېنسىيەگە چىققان ياڭ چاڭلىن ياڭ ليەندىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خالىس تەشۋىق قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. «قەھرىمان، قۇربانلار روھى مەڭگۈ زاماندىن قالمايدۇ، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ بۇ ئىش ئىزلارنىڭ داۋاملىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئۇ.

# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە كارخانىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇش داۋامىدا يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، نۇرلان ئابلىمجىن قاتارلىقلار باغچە رايونى ئىچىدىكى نان مەدەنىيىتى كۆرگەزمە رايونى، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش رايونى، ھېس قىلىش، ئويۇن قويۇش رايونى، خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش رايونىنى نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، باغچە رايونىغا ماكانلاشقان كارخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خادىملار، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنى بىرلەشتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. شىنجاڭ نان شاھى يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ يىخىگۇ يېمەكلىك پەن ـ تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى باغچە رايونىغا ماكانلاشقاندىن كېيىن كارخانىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى تونۇشتۇردى ھەم شىنجاڭنىڭ نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قارىتا پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نۇرلان ئابلىمجىن مۇنداق كۆرسەتتى: ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «سانائەت + مەدەنىيەت + ساياھەت»نىڭ ئورنىنى بېكىتىپ، كىچىك نان ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، مەدەنىيەت ساياھىتى قاتارلىقلارنىڭ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، 1000دىن ئارتۇق كىشىنى جايلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 400 نەچچە كىشىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

نۇرلان ئابلىمجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك تىجارەت، سودا تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، كۈچەپ تىجارەت، سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بازارنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنى مەۋقە قىلىپ، باغچە رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى پەللە، يۇقىرى ئۆلچەمدىن پىلانلاش كېرەك. تېزدىن ساھە ئۆلچىمىنى تۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ھالقىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش، كۆلەملەشكەن تىجارەت، كۆرسلۇق ماركا تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كۆرسلۇق ماركا تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، نان مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تولۇق قېزىپ، باغچە رايونىنى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدىكى بىر يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

نۇرلان ئابلىمجىن مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۈرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش 1+3+3+» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مەخسۇس كېڭەش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن توپلاپ ھەم ئۇنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس چېڭ جېنشەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس ماغاۋ سېيىتقامزا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)